PUBLISHED BY EASTERN TURKESTAN (UYGHURISTAN) NATIONAL CONGRESS

# ئىستىقلال
# ISTIKLAL

شەرقىي تۈركىستان (ئۇيغۇرىستان) مىللىي قۇرۇلتىيى ئورگان گېزىتى

قوش ھەپتىلىك
سىياسىي - ئىلمىي گېزىت

2001 - يىلى 12 - ئاي
37 - سان

## قۇرۇلتاي مەركىزى ئورگىنى « تېرورىزم » مەسىلىسىدە دۇنياغا باياناتى ئېلان قىلىپ. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ سىياسىي نەيرەڭۋازلىقىنى ئەيىپلىدى

ئۆز خەۋىرىمىز: يېقىندا « شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى » مەركىزى ئورگىنى دۇنيا جامائەتچىلىكىگە قارىتا مەخسۇس باياناتى ئېلان قىلىپ، كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ ئامېرىكىدا يۈز بەرگەن 11- سېنتەبىر تېرور ۋەقەسىنى كوزۇر قىلىپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگۈلەش ۋە ئىنسانچە ياشاش ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ۋەتەن ئىچى - سىرتىدا ئېلىپ بېرىۋاتقان مىللىي كۈرىشىنى قارلاشقا ئۇرۇنىۋاتقانلىقىنى قاتتىق ئەيىپلىدى ھەمدە دۇنيا جامائەتچىلىكىنى كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ سىياسىي كۆز بويامچىلىقىغا ئالدانماسلىققا چاقىردى.

( داۋامى 2 - بەتتە )

## قۇرۇلتاي مەركىزى ئورگىنى دۇنيا ئىنسان ھەقلىرى كۈنى مۇناسىۋىتى بىلەن روبىنسۇن خانىمغا مەكتۇپ يوللىدى

ئۆز خەۋىرىمىز: 10 - دېكابىر « شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى » مەركىزى ئورگىنى ب د ت تەرىپىدىن بېكىتىلگەن « دۇنيا ئىنسان ھەقلىرى » كۈنى مۇناسىۋىتى بىلەن، ب د ت ئىنسان ھەقلىرى كومىتېتىنىڭ رەئىسى مارىي روبىنسۇن خانىمغا مەكتۇپ يوللاپ، ئۇنىڭ خىتاي رەھبەرلىرى بىلەن ئۇچراشقاندا ئۇيغۇرلارنىڭ ئىنسان ھەقلىرى مەسىلىسىنى تىلغا ئالغانلىقىغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش بىلەن بىرگە، ب د ت ئىنسان ھەقلىرى كومىتېتىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئىنسانىي ھەق - ھوقۇقلىرىنىڭ ب د ت ئىنسان ھەقلىرى ئومۇمىي باياناممىسىنىڭ روھى بويىچە ھەقىقىي كاپالەتكە ئىگە قىلىنىشى ئۈچۈن خىتاي ھاكىمىيىتىگە بېسىم ئىشلىتىشنى تەلەپ قىلدى.

( داۋامى 2 - بەتتە )

## روبىنسون خانىم ئۇيغۇرلارنىڭ ئىنسان ھەقلىرى مەسىلىسىدە خىتاي رەھبەرلىرىنى ئاگاھلاندۇردى

شاڭگاڭ ۋە چەتئەل مەتبۇئاتلىرىنىڭ خەۋەرگە قارىغاندا، بۇ يىل 11 - ئاي ئىچىدە خىتايدا 3 كۈن رەسمىي زىيارەتتە بولغان ب د ت ئىنسان ھەقلىرى ئالىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى مارىي روبىنسون، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىنسان ھەقلىرىنىڭ دەپسەندە قىلىنىۋاتقانلىقى مەسىلىسى ھەققىدە خىتاي رەھبەرلىرىنى قاتتىق ئاگاھلاندۇرغان ۋە خىتاي ھۆكۈمىتىنى، خەلقئارا تېرورىزمنى باھانە قىلىپ ئۇيغۇرلارغا زۇلۇم قىلماسلىققا چاقىرغان.

روبىنسۇن خانىم خىتاينىڭ دۆلەت رەئىسى جاڭزېمىن ۋە خىتاينىڭ مۇئاۋىن باش مىنىستىرى چيەن چىچەنلەر بىلەن كۆرۈشكىنىدە، ئامېرىكىدا يۈز بەرگەن 11 - سېنتەبىر ۋەقەسىدىن كېيىن، شەرقىي تۈركىستاندا قولغا ئېلىنغان ئۇيغۇر مۇستەقىلچىلىرىنىڭ قىيىن - قىستاققا ئۇچراش ۋە تۈرمىلەردە ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش ھادىسىلىرىنىڭ كۆپىيىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ۋە بۇ ئەھۋالدىن قاتتىق ئەندىشە قىلىۋاتقانلىقىنى ئوچۇق بايان قىلغان ۋە خىتاي ھۆكۈمىتىدىن، خەلقئارا تېرورىزم بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىللىق مەسىلىسىنى بىر - بىرىدىن ئايرىپ قاراشنى تەلەپ قىلغان. روبىنسۇن خانىم يەنە خىتاي ھۆكۈمىتىدىن، ب د ت نىڭ قىيىن - قىستاقلارنى تەكشۈرۈش مەخسۇس خادىملىرىنىڭ خىتايدا بىۋاستە نەخمايدان تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشى ئۈچۈن ئېنىق بىر ۋاقىت بەلگۈلىشىنى تەلەپ قىلغان.

يۇقۇرقى كۆرشۈشلەر جەريانىدا خىتاينىڭ مۇئاۋىن باش مىنىستىرى چيەنچىچىن روبىنسۇن خانىمغا بېيجىن ھۆكۈمىتىنىڭ ئادەتتىكى مۇسۇلمانلار بىلەن ئوسامە بىن لادىننىڭ تەربىيلەش لاگېرىدا تەربىيە كۆرگەن « تېرورىستلار » غا ئايرىم مۇئامىلە قىلىدىغانلىقى ھەققىدە ئۇ يەنە روبىنسۇن خانىمغا تەخمىنەن 1000 نەپەر ئۇيغۇرنىڭ ئافغانىستاندىكى بىللادىن لاگېرىدا تەربىيلەنگەنلىكىنى ۋە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ قولىدا بۇ ھەقتە ئېنىق دەلىل ئىسپاتلارنىڭ بارلىقىنى بايان قىلغان.

## دۇنيا ئىنسان ھەقلىرى كۈنىدە خىتايغا قارشى بىرلەشمە نامايىش




ئۆز خەۋىرىمىز: 10 - دېكابىر « شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى » مەركىزى ئورگىنى، ب د ت تەرىپىدىن بېكىتىلگەن « دۇنيا ئىنسان ھەقلىرى كۈنى » مۇناسىۋىتى بىلەن، « دۇنيا خەتەر ئاستىدىكى مىللەتلەرنى قوغداش تەشكىلاتى »، « گېرمانىيە تىبەتلىكلەرنى ھىمايە قىلىش جەمىيتى» ۋە «خىتاي يالىڭگۇڭ تەرىقىتى» بىلەن گېرمانىيەنىڭ پايتەختى بېرلىندىكى خىتاي ئەلچىخانىسى ئالدىدا خىتايغا قارشى بىرلەشمە نامايىش ئۆتكۈزدى. بۇ نامايىشقا قۇرۇلتاينىڭ باش كاتىۋى ئەسقەرجان باشچىلىقىدىكى بىر گورۇپ ئۇيغۇر ياشلىرى گېرمانىيەنىڭ ميۇنخېن شەھرىدىن بېرىپ قاتناشتى.

( داۋامى 3 - بەتتە )

# قۇرۇلتاي مەركىزى ئورگىنى «تېرورىزىم» مەسىلىسىدە دۇنياغا بايانات ئېلان قىلىپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ سىياسىي نەيرەڭۋازلىقىنى ئەيىپلىدى

( بېشى 1 - بەتتە )

قۇرۇلتاي رەئىسى ئەنۋەرجاننىڭ نامىدا ئېلان قىلىنغان مەزكۇر باياناتنىڭ باش قىسمىدا مۇنداق دېيىلگەن:

« دۇنيا جامائەتچىلىكى خەلقارا تېرورىزىمغا قارشى قانداق قىلىپ تېخىمۇ ئۈنۈملۈك كۈرەش قىلىش ھەققىدە جىددىي توختىلىۋاتقان شۇ پەيتتە، خىتاي كوممۇنىست ھۆكۈمىتى بۇ پۇرسەتنى سۇيىئىستېمال قىلىپ، شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە قاراتقان زۇلمىنى تېخىمۇ ئاشۇرماقتا. دەرھەقىقەت، خىتاي ھۆكۈمىتى ئۆتكەن ھەپتىلەردىن بېرى بارچە ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىنىڭ ئاتالمىش « تېرورىست » ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ بىرنەچچە قېتىم باياناتلار ئېلان قىلدى. ئەمما ھەقىقەت شۇكى شەرقىي تۈركىستان خەلقى، ئۆز دۆلىتى 1949 - يىلى خىتاي كوممۇنىستلىرى تەرىپىدىن بېسىۋېلىنغاندىن بېرى قاتتىق ئېزىلىش ۋە خورلىنىشقا، شۇنداقلا ھەر تەرەپلىمە قىيىن - قىستاققا دۇچار بولۇپ كەلمەكتە.»

*باياناتتا*، كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ ئۇيغۇر خەلقىگە سېلىۋاتقان تۈرلۈك زۇلۇملىرى قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتۈلگەندىن كېيىن مۇنداق دېيىلگەن:

« خىتاي ھاكىمىيىتى، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئۆزىگە قاراتقان ھەرقانداق نارازىلىقىنى ئاتالمىش « تېرورىزىم » دەپ قاراپ كەلمەكتە. ھەتتا ، ئۆز مىللىتىنى سۆيگەن ۋە مىللىتى ھەققىدە پىكىر بايان قىلغانلارغا، شۇنداقلا دىنىي ئېتىقادى بويىچە نورمال ياشاپ كەلگەن ئۇيغۇرلارمۇ ھەم ئەينى قالپاقنى كەيگۈزۈپ كەلمەكتە. ھەتتا خىتاي ھۆكۈمىتى بىز ئۇيغۇرلارنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىمىزنىمۇ ئۆزىنىڭ سىياسىي مەنپەئەتى ئۈچۈن قوللىنىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇسامە بىن لادىن بىلەن ۋە باشقا رادىكال تېرورىست تەشكىلاتلار بىلەن ئالاقىسىنىڭ بارلىقىنى بايان قىلىشماقتا.»

باياناتتا، كوممۇنىست خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ چەتئەللەردىكى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىغا قاراتقان قارىلاش ھەرىكىتىگە جاۋابەن رەددىيە بېرىلىپ مۇنداق دېيىلگەن :

« شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى - شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ۋە دېموكراتىك ئۇسۇلدا سايلاپ چىقىلغان ئالىي ئورگاندۇر. قۇرۇلتىيىمىز گېرمانىيەدە قانۇنىي تەستىقتىن ئۆتكەن ۋە دۇنيانىڭ 14 دۆلىتىدە پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان 20 گە يېقىن ئۇيغۇر تەشكىلاتى مىللىي قۇرۇلتىيىمىزغا ئەزا.

قۇرۇلتاي مەركىزى ئورگىنىمىز ۋە قۇرۇلتايغا ئەزا بارلىق ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى تىنچ ۋە دېموكراتىك ئۇسۇل بىلەن ھەل قىلىنىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. بىز، خەلقىمىزنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقىنى تىنچ ۋە دېمكوراتىك يول بىلەن قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتىمىز. مىللىي قۇرۇلتىيىمىزنى ۋە قۇرۇلتىيىمىز تەركىۋىدىكى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىنى « تېرورىزىم » بىلەن قارىلاش - ھاماقەتلىك ۋە سىياسىي نەيرەڭۋازلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس، خالاس! بىزنىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا ۋەكىلى بولمىغان مىللەتلەر تەشكىلاتى « ئۇنپو » غا ئەزالىقىمىز ئۆز سالاھىتىمىزنى تەستىقلىغىنىدەك، ھەرىكىتىمىز ۋە كۈرەشلىرىمىزنىڭ تىنچلىق يولى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ! »

يۇقۇرقى باياناتنىڭ ئاخىرىدا ھەم كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىگە، ھەم دۇنيا جامائەتچىلىكىگە خىتابەن مۇنداق دېدى دېيىلگەن:

« خىتاي ھۆكۈمىتى، بىزگە قالپاق كەيدۈرۈشتىن ۋە تۆھمەت چاپلاشتىن ۋاز كېچىپ، خەلقئارالىق تەرەپسىز ۋەكىللەر ھەيئىتىنىڭ يۇرتىمىزغا بېرىپ ھەقىقىي ئەھۋالنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈشىگە ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىشى كېرەك.

بىز، دۇنيا جامائەتچىلىكىگە ۋە بارلىق ئەركىن دېموكراتىك دۆلەتلەرگە، كوممۇنىستىك خىتاي ھاكىمىيىتىنى ئۇيغۇر خەلقىنى ئېزىشتىن توختىتىشقا ۋە خەلقىمىزنىڭ ھەر تەرەپلىمە، ئەركىن - ئازات ياشىشىغا شارائىت يارىتىپ بېرىشىغا قايىل قىلىشىنى ۋە ھەيدەكچىلىك قىلىشىنى مۇراجىئەت قىلىمىز! »

مەركىزى ئورگىنى گېرمانىيەنىڭ ميۇنخېن شەھىرىدىكى « شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى » 11 - سېنتەبىر ئامېرىكىدا يۈز بەرگەن تېرورىستىك ۋەقەدىن كېيىن دۇنيادا شەكىللەنگەن يېڭى سىياسىي يۈزلىنىشنى ۋە كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ بۇ سىياسىي يۈزلىنىشتىن پايدىلىنىپ ئېلىپ بارغان دىپلوماتىك ھەرىكەتلىرىنى يېقىندىن كۆزىتىپ، تۈرلۈك شەكىل ۋە ئۇسۇللاردىن پايدىلىنىپ خەلقئارا تەشكىلاتلارغا ھەرقايسى ئەللەرگە ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەزىيىتى ھەققىدە مەلۇمات بېرىش بىلەن بىرگە، خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى پۇرسەت پەرەسلىكىنى ۋە ئۇيغۇرلارغا قاراتقان قارىلاش ھەرىكىتىنى پاش قىلىپ كەلمەكتە.

# قۇرۇلتاي مەركىزى ئورگىنى دۇنيا ئىنسان ھەقلىرى كۈنى مۇناسىۋىتى بىلەن روبىنسون خانىمغا مەكتۇپ يوللىدى

( بېشى 1 - بەتتە )

مەزكۇر مەكتۇپتا مۇنداق دېيىلگەن: « ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىنسانىي ھەق - ھوقۇقىنىڭ خىتاي ھاكىمىيىتى تەرىپىدىن قانداق دەپسەندە قىلىنىۋاتقانلىقى، خەلقئارا تەشكىلاتلار تەرىپىدىن ھۆججەتلەر بىلەن ئىسپاتلىنىپ كەلمەكتە « خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى » ۋەتىنىمىزدە ئىنسانلارنىڭ سىياسىي سەۋەپتىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلۈۋاتقانلىقىنى ئېلان قىلدى. ئۇيغۇر رايونىدا ئىنسان ھەقلىرىنىڭ قانداق دەپسەندە قىلىنىۋاتقانلىقى ھەققىدە قولغا چۈشۈرۈلگەن پاكىتلار ھەقىقىي ئەھۋاللارنىڭ ئاز بىر قىسمىنىلا تەشكىل قىلىدۇ. چۈنكى خىتاي ھاكىمىيىتى تەرەپسىز خەلقئارالىق ۋەكىللەرنىڭ ئۆز كۆزلىرى بىلەن خۇلاسە چىقىرىشىغا رۇخسەت بەرمەيۋاتىدۇ، يەنى خىتاي ھۆكۈمىتى ھەقىقەتنى دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ كۆزىدىن يوشۇرۇپ كەلمەكتە. »

مەزكۇر مەكتۇپنىڭ ئاخىرىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ب د ت ئىنسان ھەقلىرى كومىتېتىغا قارىتا تۆۋەندىكى تەلەپلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلغان:

1 - خىتاي ھاكىمىيىتى، ئۇيغۇر مىللىتىنى ئېزىشتىن ۋاز كېچىپ، ئۇلارغا ھەر تەرەپلىمە ئەركىنلىك بېرىشكە، دىنىي ئېتىقات ۋە ئۆرۈپ - ئادەتلىرى بويىچە ياشىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىشىغا قايىل قىلىش ئۈچۈن كۈچ چىقىرىش.

2 - خىتاي ھاكىمىيىتى، شەرقىي تۈركىستاندا ئەركىن سايلام ئۆتكۈزۈشكە، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ب د ت كۆزىتىشى بويىچە ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلىشىگە قىستاش.

3 - خىتاي ھاكىمىيىتى، بىگۇناھ ئۇيغۇرلارنى قاماپ ناھەق سوئال - سوراقلارغا تارتىشتىن ۋە ئېتىپ ئۆلتۈرۈشتىن ۋاز كېچىشكە شۇنداقلا رابىيە قادىر قاتارلىق بارلىق سىياسىي تۇتقۇنلارنى قويۇپ بېرىشكە قىستاش.

4 - شەرقىي تۈركىستانغا ب د ت نىڭ تەرەپسىز ۋەكىللىرىنى ئەۋەتىپ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ، تۈرمىدىكى سىياسىي تۇتقۇنلارنىڭ ۋەزىيىتىنى ئۆز جايىدا تەكشۈرۈش.

5 - خىتاي ھاكىمىيىتى، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلىشىگە ئىمكان يارىتىش مەخسىدىدە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھەقىقىي ۋەكىللىرى بىلەن سىياسىي مۇزاكىرىلەرگە باشلاشقا قايىل قىلىش.

6 - دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ، خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ ئاخىرقى يىللاردا، بولۇپمۇ 11 - سېنتەبىردىن كېيىن شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە تەھدىت سېلىۋاتقانلىقىنى، ۋەتىنىمىزگە قوشۇمچە كۆپ ساندا ھەربىي كۈچىنى جايلاشتۇرۇپ ئۇرۇش خەۋپىنى كۈچەيتىۋاتقانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، خەلقىمىزنىڭ ئاممىۋى تۈردە قىرغىن قىلىنىش ئېھتىماللىغا قارشى ناھايىتى ھوشيار ۋە سەزگۈر بولۇشىنى تەلەپ قىلىمىز.

# قۇرۇلتاي رەھبەرلىرى گېرمانىيەدىكى مۇسۇلمان ۋە تۈرك تەشكىلاتلىرىنىڭ ئۇمۇمىي يىغىنىغا قاتناشتى

ئۆز خەۋىرىمىز: 2001 - يىلى 11 - ئاينىڭ 24 - كۈنى مىللىي قۇرۇلتاينىڭ باش كاتىبى ئەسقەرجان گېرمانىيەنىڭ كۆللۈن شەھرىدە ئۆتكۈزۈلگەن گېرمانىيەدىكى موسۇلمان ۋە تۈرك تەشكىلاتلىرىنىڭ ئومومىي يىغىنىغا تەكلىپ بىلەن قاتناشتى ۋە يىغىندا سۆز قىلىپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتى، شەرقىي تۈركىستان مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنىڭ ۋەتەن ئىچى ۋە چەتئەللەردىكى تەرەققىيات ئەھۋالى، كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھەققانىي كۈرەشلىرىنى قارىلاش ئۈچۈن دىپلوماتىيە جەھەتتە يولغا قويۇۋاتقان سىياسىي ئالدامچىلىقلىرى ۋە خەلقئارا جامائەتچىلىكىنىڭ ئۇيغۇرلار مەسىلىسىگە تۇتقان پوزىتسىيەسى ... قاتارلىق تېمىلاردا يىغىن قاتناشقۇچىلىرىغا ئەتراپلىق مەلۇمات بەردى. ئەسقەرجان ئۆز سۆزىدە يەنە، نۆۋەتتە ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي داۋاسىنىڭ ئامېرىكىدا ۋە ياۋروپا ئەللىرىدە بارغانسېرى قوللاشقا ۋە ھېسداشلىققا ئېرىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنى، ئەپسۇسكى تۈرك - ئىسلام ئالىمىنىڭ شەرقىي تۈركىستانلىقلارغا يېتەرلىك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرەلمىگەنلىكىنى ۋە بۇخىل ھالەتنىڭ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تۈرك - ئىسلام ئالىمىگە بولغان ئىشەنچىسىنى ئاجىزلاشتۇرۇۋاتقانلىقىنى ئالاھىدە ئەسكەرتىپ ئۆتتى ۋە تۈرك - ئىسلام دۇنياسىنى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھەققانىي داۋاسىغا ئىگە چىقىشقا ۋە ئۇنىڭغا ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن ياردەم بېرىشكە چاقىردى.

بۇقېتىمقى يىغىنغا، گېرمانىيەدىكى 33 تۈرك ۋە ئىسلام تەشكىلاتلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى ھەم ۋەكىللىرى قاتناشتى.

# تېرورىزىم ۋە مۇستەقىللىق كۈرىشى

ئۆتكەن

دۇنيانىڭ قەيبىردە بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، بۈگۈن ئاسارەت ئىچىدە ياشاۋاتقان مىللەتلەرنىڭ مۇستەقىللىق كۈرەشلىرى ئىككى خىل شەكىلنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ كەلمەكتە، بىرى - سىياسى كۈرەش، يەنە بىرى - قوراللىق كۈرەشتىن ئىبارەت.

ئۇيغۇر مۇستەقىللىق داۋاسىدىكى قوراللىق ھەرىكەتلەرنى خىتاينىڭ «تېرورلۇق» دەپ ئەيىپلىشى نورمال ھادىسە. بۇنى دۇنيانىڭ «تېرورلۇق» دەپ چۈشىنىپ قېلىشى بولسا ئەندىشىلىنەرلىك ئەھۋال. ئەمما ئۆزىمىزنىڭ بۇ ھەرىكەتلەرنى «تېرورلۇق» دەپ چۈشىنىپ قېلىشىمىز بولسا قورقۇنچلۇق بىر ۋەزىيەت. چۈنكى بىر داۋانىڭ ھەققانىي بىر داۋا ئىكەنلىكىنى باشقىلارغا چۈشەندۈرۈشتىن ئاۋال، بۇ داۋانىڭ ھەققانىيلىقىغا ئالدى بىلەن ئۆزىمىز ئىشىنىشىمىز كېرەك. شۇندىلا خەلقارا سەھنىلەردە باياناتىمىز ئېنىق، تۇتاملىق بولالايدۇ.

11. سېنتەبىردىن كېيىن خەلقارا تېرورىزمغا قارشى ھەرىكەتكە ئەسلىدە ئاكتىپ ھەرىكەتكە ئۆتكۈچى تەرەپ بىز بولۇشىمىز كېرەك ئىدى. چۈنكى يىللاردىن بېرى دۆلەت تېرورىنىڭ زۇلمىنى تارتىپ كېلىۋاتىمىز. ئۇيغۇر مۇستەقىلچىلىرى 10 يىلدا 20 گە يېقىن ئادەم ئۆلتۈرۈپ، 50 - 60 ئادەمنى زەخمىلەندۈرگەن، 10 نەچچە قېتىم ۋەقە سادىر قىلغان بولسا ( خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ھۆججەتلىرىدە كۆرسىتىلىشىچە )، خىتاي ھۆكۈمىتى 1997. ۋە 1998. يىلى ئىچىدىلا 190 سىياسى مەھبۇسقا ئۆلۈم جازاسى بېرىپ، ئاز دىگەندە يۈز قېتىم جىنايەت سادىر قىلدى. ( خىتاي بىزنى تېرورىست دەپ دۇنياغا ئېلان قىلغان كۈنى ) بىزمۇ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان 1990 كىشىمىزنىڭ تىزىملىكىنى ۋە «جىنايەتلىرى»نى دۇنياغا ئېلان قىلالىغان بولساق، ئەڭ ياخشى جاۋاپ بولغان بولاتتى. ئەمما بۇ كۈرەشتە ئاكتىپ كۈرەشچى خىتاي بولۇپ كەلدى، بىز بولساق مۇداپىئە ئورنىدا تۇرۇۋاتىمىز. بۇ كۈرەشتە پاسسىپ ھالدا قېلىشىمىزنىڭ ئوبيېكتىپ سەۋەبى، ئادەم كۈچى يېتەرسىزلىكى بولغان بولسا، سوبيېكتىپ سەۋەبى ئۆزىمىزدە بىر قىسىم ئىچكىلىرىمىز ئېلىپ بارغان قوراللىق ھەرىكەتنىڭ ھەققانىي ھەرىكەت ئىكەنلىكىگە ياكى تېرورىستىك ھەرىكەت ئەمەسلىكىگە قارىتا قانائەت يوق، ياكى گۇمان بار.

«بىزنىڭ» تىلىمىزنى قىسقا قىلىپ تۇرىۋاتقان نوقتا بەزى قوراللىق ھەرىكەتلەردە خىتاي خەلقىنىڭ نىشان قىلىنغانلىقى بولسا كېرەك. بۇ يەردىكى «تىلى قىسقىلىق»نىڭ ئورۇنسىز ئىكەنلىكىگە تۆۋەندىكى سوئالىم جاۋاپ بولالىسا كېرەك:

بىر گۇرۇپ كىشى خوشنا بىر دۆلەتنىڭ چېگرىسىدىن ئوغۇرلۇقچە ئۆتۈپ، ئۇ يەردىكى خەلقنىڭ مال - مۈلكىگە چېقىلسا، خوشنا دۆلەتلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن دۇنيا «قانۇنسىز ھەرىكەت» دەپ ئەيىپلەيدۇ. چېگرادىن ئۆتىۋاتقان چېغىدىلا ئېتىپ تاشلىنىدۇ. مۇشۇنداق بىر ھەرىكەت مەلۇم بىر دۆلەتنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا ئېلىپ بېرىلسا، يەنى مىليونلارچە كىشى خوشنىلارنىڭ چېگرىسىدىن ئۆز ئەسكەرلىرىنىڭ ھىمايىسى بىلەن ئۆتۈپ، ئۇ يەرگە ماكانلىشىپ، ئەۋلات قالدۇرۇپ، خاتىرجەم بۇلاڭ - تالاڭ قىلسا، بۇ قانۇنى ھەرىكەت بولامدۇ؟ يەنى ئۇلارنىڭ قىلمىشى گۇناھسىزلىق بولامدۇ؟ خۇلاسە مۇنداق :

شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتاي خەلقىنى گۇناھسىز خەلق دەپ تونۇش، ئۇلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ياشاش ھەققىنى ئېتىراپ قىلغانلىق بولىدۇ. بۇ ئەينى ۋاقىتتا شەرقىي تۈركىستاننى خىتاينىڭ بىر پارچىسى دەپ تونىغانلىق بولىدۇ. مېنىڭچە ئۇرۇشتا «خەلق بىگۇناھتۇر» ئۆلچىمى پەقەت دۆلەت بىلەن دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش ۋە بىر دۆلەت ئىچىدىكى ھاكىمىيەت گۇرۇپپىلىرى ئارىسىدىكى ئۇرۇش ئۈچۈن ئېيتىلغاندۇر. دەل مۇشۇنداق بولغىنى ئۈچۈن، بۈگۈن دۇنيا جامائەت پىكرىدە «بۆلگۈنچىلىكنىڭ ھەممىسى تېرورلۇق بولۇۋەرمەيدۇ» دېيىلىۋاتىدۇ. شۇنىڭدەك بىر ھەرىكەتنىڭ تېرورىست بولۇش - بولماسلىقىنى ئۆلچەشتە ئۇنىڭ غايىسىگىمۇ قاراش كېرەك دېيىلىۋاتىدۇ. چۈنكى دۇنيا سىياسەتچىلىرى مۇستەملىكچىلىككە قارشى كۈرەشتە خەلققە زىيانلىق ھەرىكەتتىن ساقلانغىلى بولمايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ. ئەمما بۇ نوقتىنى ئاشكارە تەشۋىق قىلىشقا بولمىغىنى ئۈچۈن، گەپنى مەۋھۇمراق قىلىۋاتىدۇ. بۇ ئارقىلىق پائالىيىتىمىزگە ئىلھام بېرىلىۋاتىدۇ.

مۇستەملىكچىلىكمۇ بىر خىل ئۇرۇش ۋەزىيىتىدۇر. بۇ ۋەزىيەتتە مەزلۇم خەلقنىڭ ئۆلتۈرۈلۈش شەكلى قان تۆكۈش ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى ئاچ قويۇش ئارقىلىق ( ئىشسىز ۋە ئېشىنى تارتىۋېلىش ئارقىلىق) ئەمەلىيلىشىدۇ، بۇ خىل ئۇرۇش ۋەزىيىتىدە ئالدىنقى سەپ - ئىشلەپ چىقىرىش ۋە سودا تىجارەت ئورۇنلىرىدۇر. ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى ئوتتۇرا سەپ، ئەسكىرى كۈچلەر بولسا ئارقا سەپ ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ. يەنى مۇستەملىكچىلىك ئۇرۇشىنىڭ ئالدىنقى سېپىدە ھاكىمىيەت بېشىدىكى مىللەتنىڭ خەلق تەبىقىسى ۋەزىپە ئۆتەيدۇ، بۇ ئالدىنقى جەڭچىلىرىنىڭ جەڭلىرىنى ( بۇلاڭ - تالاڭلىرىنى ) ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى سىياسەت ۋە قانۇنلىرى ئارقىلىق كاپالەتلەندۈرىدۇ. يەنى، بۇلاڭ - تالاڭنىڭ سىستېمىلىق، پىلانلىق ۋە غەلىبىلىك بولىشىغا مەسئۇل بولىدۇ. بۇ مۇددىئاسى ئۈچۈن « شىنجاڭنى ئاچىمىز، گۈللەندۈرىمىز » دىگەنگە ئوخشاش شۇئارلار بىلەن، « مىللەتلەرگە باراۋەرلىك ئېلىپ كېلىمىز » دىگەندەك سەپسەتىلىرى بىلەن مەزلۇم مىللەتنىڭ قېنىنى شورايدۇ، مەزلۇم مىللەت بۇ سەپسەتىگە ئىشەنمەي ۋە بۇ بۇلاڭ - تالاڭغا تاقەت قىلالماي ئىسيان كۆتەرگەندە، ئارقا سەپتە تۇرىۋاتقان ئەسكەركۈچى ھەرىكەتكە ئۆتىدۇ ۋە ئىسيانكارلارغا « بۇزغۇنچى، ئوغرى - بۇلاڭچى ۋە تېرورىست » دىگەندەك قالپاقلارنى كەيدۈرۈپ باستۇرىدۇ. مۇستەملىكە رايوندا ئالدىنقى سەپ جەڭچىلىرى كۆچمەن خەلق بولغانلىقى ئۈچۈنلا مۇستەقىللىق كۈرىشىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى مانا مۇشۇ ئالدىنقى سەپ جەڭچىلىرىگە قارشى ئۇرۇش بىلەن باشلىنىدۇ. مۇستەقىللىق كۈرىشى پەقەت دۈشمەنىنىڭ ئارقا سېپىگە ( ئەسكىرى كۈچكە ) قارشى تۇرالىغۇدەك ماغدۇرغا ئېرىشكەندە، ئۆزلىرى ئۈچۈن قولاي ۋە مۇمكىن بولغان دائىرىدە پائالىيىتىنى داۋام قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ پائالىيەتلىرىنى چەكلەش دىمەك، ئۇلارنىڭ مەۋجۇدىيىتىنى ( ياشاش ھوقۇقىنى ) رەت قىلىش دىمەكتۇر. دۆلەت بىلەن دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى مەسىلىلەردە ئالدى بىلەن دىپلوماتىيە، ئاندىن كېلىشەلمىگىنىدە ئۇرۇش بولىدۇ. ھاكىمىيەت بېشىدىكى مىللەت بىلەن مەھكۇم مىللەت ئوتتۇرىسىدىكى مەسىلىلەردە بىر دۆلەت بىلەن بىر خەلق ئارىسىدىكى توقۇنۇش بولغىنى ئۈچۈن ئاۋۋال ئۇرۇش، ئاندىن دىپلوماتىيە ئېلىپ بېرىلىدۇ، بۇ مىللى سىياسەتلەرنىڭ بىر قانۇنىيىتىدۇر. مەزكۇر قاراشقا دۇربان ( جەنۇبىي ئافرىقىدا چاقىرىلغان خەلقارا ئىرقچىلىققا قارشى يىغىن - ت ) يىغىنىدا ئىككى مىڭدىن ئارتۇق خەلقارالىق تەشكىلاتلار ئىسرائىلنى ئېتنىك ( ئىرقىي ) قىرغىنچى دەپ ئەيىپلەندى. ئەگەر « خەلق » گە قارىتىلغان ھەرىكەتنىڭ دۇنيادا شەرتسىز نەپرەتكە قالىدىغان بولسا، پەلەستىنلىكلەر دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ تۈكۈرۈكىگە كۆمۈلۈپ كەتكەن بولاتتى. لېكىن پەلەستىن داۋاسى دۇربان يىغىنىدا % 99 دىگۈدەك قاتناشقۇچىلارنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشەلمىگەن بولاتتى.

شۇ بىر رىئاللىقكى، بۈگۈن ئۇيغۇرلار پەلەستىنلىكلەرنىڭ پارتىلىتىش ھەركىتىنىڭ مىڭدەن بىرىنىمۇ قىلمىدى. ئەمما خىتاي ئىسرائىلنىڭ سېلىۋاتقان زۇلمىنى قانچە ھەسسە ئارتۇق قاتلىۋەتتى. دىمەك دۇربان يىغىنىنىڭ نەتىجىسى مۇستەملىكچىلىككە قارشى ھەرقانداق بىر شەكىلدىكى ھەرىكەتنىڭ تېرورلۇق ھېساپلانمايدىغانلىقىنىڭ بىر پاكىتى سۈپىتىدە تارىخقا يېزىلىپ كەتتى.

دىمەك . شەرقىي تۈركىستان داۋاسىنىڭ ئاخىر بېرىپ ئامېرىكا ۋە ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ قول تىقىشى بىلەن ھەل بولىدىغانلىقى ئېنىق. ئەمما بۇ قول تىقىشلار قايسى كۈچلۈك دۆلەت تەرىپىدىن بولسا بولسۇن، ئۇ، ھامان تاشقى ئامىل ( تاشقى سەۋەپ) . ئەمما ئامېرىكا تاشتىن چۈجە چىقىرالمايدۇ، بەلكىم تۇخۇمدىن چىقىرالىشى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈنلا داۋايىمىزنىڭ ھەل بولىشىدىكى ئىچكى ئامىل ( ئىچكى سەۋەپ) يەنىلا ئاساسى ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇ بولسىمۇ ئەلۋەتتە ۋەتەن ئىچىدىكى خەلقىمىزدۇر ۋە ئۇلارنىڭ تۈرلۈك ھەققانى ھەرىكەتلىرىدۇر.

( ئىزاھات: مەزكۇر ماقالىنىڭ بەزى بۆلۈملىرى قىسقارتىلدى . تەھرىردىن )

# « ئەنگلىيە ئۇيغۇر جەمئىيىتى » رۆزا ھېيت مۇناسىۋىتى بىلەن چاي سۆھبىتى ئۆتكەزدى

لوندوندىن ئەركىن ئۇيغۇر خەۋىرى: لوندوندا پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان « ئەنگلىيە ئۇيغۇر جەمئىيىتى » بۇيىل روزى ھېيت كۈنى لوندون شەھرىنىڭ ئېدمونتون گرېين رايونىدىكى « تۈرك يۇرت داشلار ھەمكارلىق جەمئىيىتى » نىڭ يىغىن زالىدا چاي سۆھبىتى ئۆتكەزدى. بۇ پائالىيەتكە لوندون شەھەر باشلىقىنىڭ ۋەكىلى ۋە ئېدمونت گرېين رايونىنىڭ ئىككى نەپەر پارلامېنت ئەزاسى، « خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى »، « ب ب س » رادىئو مۇخبىرى، تۈرك گېزىتلىرىنىڭ مۇخبىرلىرى، شۇنداقلا، بەزى ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ ۋەكىللىرى ، ئۇيغۇرلارغا قىزىقىدىغان كۆپلىگەن ئەنگلىيەلىكلەر ۋە ئەنگلىيەدە تۇرۇشلۇق ئۇيغۇرلار ... بولۇپ يۈزدىن ئارتۇق ئادەم قاتناشتى.

زالغا ۋەتىنىمىزنىڭ ئاي يۇلتۇزلۇق كۆك بايرىقى ئېسىلغان بولۇپ، ئۇيغۇر دوپپىسىنى كەيگەن ئۇيغۇر قىز - يىگىتلىرى ۋە ئۇلار ھازىرلىغان ئۇيغۇرچە تۈرلۈك تائاملار ئەنگلىيەلىكلەرنىڭ ئالاھىدە قىزىقىشىنى قوزغىدى. پائالىيەت جەريانىدا چەتئەللىك دوستلارغا ئۇيغۇرلارنىڭ مىللى كىملىگى، مىللى ئۆرپ، ئادىتى، سىياسىي تارىخى تونۇشتۇرۇلۇپ، بۈگۈنكى ئۇيغۇر ۋەزىيىتى ئەتراپلىق چۈشەندۈرۈلدى.

بۇقېتىمقى چاي سۆھبىتىدە يەنە ئەنگلىيە « ب ب س » مۇخبىرىنىڭ، « 11 - سېنتەبىر ۋەقەسىدىن كېيىن ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسى ھاياتىدا قانداق ئۆزگۈرۈشلەر بولدى؟ » دىگەن سوئالىنى ئاساس قىلغان ھالدا سوئال - جاۋاپلىق سۆھبەت داۋاملىشىپ، ئۇلارغا قانائەتلىنەرلىك جاۋاپ بېرىلدى. ئۇندىن باشقا يەنە مېھمانلارغا ئۇيغۇر مەدەنى پائالىيەتلىرى بويىچە ناخشا - ئۇسۇل، ئۇيغۇرچە مۇزىكا ئورۇنداپ بېرىلدى. چاي سۆھبىتى قىزغىن كەيپىيات ئىچىدە ئۆتتى.

# هاجى ياقۇپ ئاكا مۇستەقىللىق هەرىكىتىمىزنىڭ يۇلتۇزى ئىدى

( قىسقا ئەسلىمە )

ئەنۋەرجان



ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ قەھرىمان ئەۋلادى هاجى ياقۇپ ئاكا ۋەتەن سىرتىدا هەم مۇستەقىللىق هەرىكىتىمىزنىڭ يۇلتۇزى، تۈۋرۈكى، يولباشچىسى ۋە هاياتىنىكى مەنىۋى ئاتىسى ئىدى. ئۇ، مىللىي مۇستەقىللىق كۈرىشىمىزنى تەشكىلى تۈردە دۇنيا سىياسى سەھنىسىگە ئېلىپ چىققان « شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى » نىڭ ئاساسچىسى، بايراقدارى ۋە باش مەسلىھەتچىسى ئىدى. گەرچە ئۇ شەرقىي تۈركىستاندىكى پانتۈركىسىزىم هەرىكىتىنىڭ باشلامچىسى ۋە قوغدىغۇچىلىرىنىڭ بىرى بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ۋەتەن سىرتىدىكى مىللىي هەرىكىتىمىزنىڭ بىرلىك - باراۋەرلىكىنى ساقلاش ۋە مىللىي كۈرەش سېپىمىزدىكىلەرنىڭ ئىدىيولوگىيە جەھەتتىكى پۈتۈنلىكىنى قوغداش مەقسىدىدە، 1999 - يىلى گېرمانىيەدە 2 - نۆۋەتلىك مىللىي قۇرۇلتاي چاقىرىلغاندا، قۇرۇلتاينىڭ نامىنى هەم شەرقىي تۈركىستان، هەم ئۇيغۇرىستان كەلىمىلىرى بىلەن بىرگە ئاتاش هەققىدە تەكلىپ بەرگەن ۋە ئۇنىڭ تەكلىپى قوبۇل قىلىنىپ، قۇرۇلتىيىمىزنىڭ نامى - « شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى » دەپ ئاتالغان ئىدى. بۇ ئارقىلىق هەم « ئۇيغۇرىستان » كەلىمىسىنى ياقلىغۇچىلارغا، هەم « شەرقىي تۈركىستان » كەلىمىسىنى ياقلىغۇچىلارغا هۆرمەت قىلىنغان، شۇنداقلا ئورۇنسىز تالاش - تارتىش هەم ئىختىلاپنىڭ ئالدى ئېلىنغان ئىدى.

مەرھۇم هاجىكام ماڭا ۋە مەن ئارقىلىق ئۇيغۇر ئەۋلادلىرىغا قىلغان ۋەسىيىتىدە: « ئاۋال ئۇيغۇرلارنىڭ بىرلىكىنى، باراۋەرلىكىنى، ئىتتىپاقلىقىنى ۋە ئۆملۈكىنى بەرپا قىلىشىمىز شەرت. ئۆز تىلىغا، مىللىي ۋە مەدەنىي ئۆرپ - ئادەتلىرىگە ئىگە بولالمىغان، دىنى ئېتىقاد ۋە ئەخلاقتىن ئۇزاقلاشقان، بىر - بىرىنى سۆيمىگەن ۋە بىر - بىرىگە ئىشەنمىگەن هەرقانداق بىر مىللەت يوقۇلۇشقا مەھكۇمدۇر! » دېگەن ئىدى.

بۇقېتىم تۈركىيەگە قىلغان سەپىرىم جەريانىدا ئىستانبۇلدىن ئەنقەرەگە بېرىپ هاجى ياقۇپ ئاكا بىلەن 31 - ئۆكتەبىر كۈنى « تۈرك تىلى ۋە تارىخى تەتقىقات مەركىزى » دىكى ئىشخانىسىدا ئىككىمىز يالغۇز ئولتۇرۇپ ئىككى سائەتكە يېقىن سۆھبەتلەشكەن ئىدۇق ۋە سۆھبىتىمىزنىڭ ئاخىرىنى شۇ هەپتىنىڭ ئاخىرى قەيسىرى شەھرىدە ئۇچراشقاندا ئېلىپ بارماقچى بولغان ئىدۇق. رەھمەتلىك هاجىكام تىمەن ۋە ساغلام كۆرۈنەتتى، خۇددى ياش يىگىتلەردەك تىنىك تۇراتتى ۋە ناھايىتى تېز يۈرەتتى. بۇقېتىمقى ئۇچرىشىشىمىزدا هاجىكامنى ئەنقەرەدىن ئىستانبۇلغا كۆچۈرمەكچى بولغان ۋە ئىستانبۇلدا مىللىي قۇرۇلتىيىمىزنىڭ تەتقىقات ئىنستىتوتىنى قۇرۇپ، هاجىكام بۇ ئورگاننى بىۋاستە باشقۇرىدىغان بولغان ۋە كېيىنكى ئۆمرىدە يېزىلماي قالغان بەزى موھىم ئەسلىمە ۋە تارىخىي ئەسەرلىرىنى يېزىپ پۈتتۈرمەكچى بولغان ئىدى. شۇكۈنى رەھمەتلىك ئاكىمىز ماڭا: « ئوغلۇم، ئۆمرۈم ئاز قالدى، ئۆمرۈمنىڭ بۇ قالغان قىسمىدا ئىچىمدىكىلەرنى قەلەمگە ئېلىپ، سىزلەرگە، ياش ئۇيغۇر ئەۋلادلىرىغا قالدۇرۇپ كەتمىسەم راھەت كۆز يۇمالمايمەن. ئۇيغۇر تەتقىقات ئىنستىتوتىنى قۇرۇپ، بۇ ئۇلۇغ ئىشقا ئىمكان يارىتىشقا تىرىشىۋاتىسىز، سىزگە كۆپ رەھمەت » دېگەن ئىدى.

شۇ كۈنكى ئۇچرىشىشىمىزدا هاجى ئاكام بىلەن ئىككى - ئۈچ كۈندىن كېيىن تۈركىيەنىڭ قەيسىرى شەھرىدە قايتا كۆرۈشمەكچى بولۇپ خەيرلەشكەن ئىدۇق، ئەپسۇسكى بۇ قېتىمقى ئۇچرىشىشىمىزنى بىزنىڭ ئاخىرقى قېتىملىق ئۇچرىشىشىمىز ئىكەنلىكىنى هېچ تەسەۋۋۇر قىلمىغان ئىدىم. ئەمما ئىككى كۈندىن كېيىن قەيسىرىدە هاجى ئاكامنىڭ ئەنقەرەدىن كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرسام ئۇشتۇمتۇت ئۇنىڭ ئۆلۈم خەۋىرى كەلدى ۋە مەن بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلاپ هاڭ - تاڭ قالدىم، پۈتۈن تاغۇ - تاش ئۈستۈمگە يىقىلغاندەك بولدى. ئەمما، « ئەلھۆكمىللا » دېيىشتىن باشقا چارەم يوق ئىدى. 3 - نويابىر كۈنى قەيسىرىدىن دەرھال ئەنقەرەگە كەلدىم ۋە 4 - نويابىر كۈنى هاجىكامنى ئۆز قولۇم بىلەن يەرلىكىگە قويدۇم. مەرھۇم هاجىكامنى يەرلىككە قويۇش ئىشىنىڭ ماڭا نېسىپ بولغانلىقىدىن چەكسىز پەخىرلەندىم. مەرھۇمنىڭ ياتقان يېرى جەننەتتە بولغاي، ئۇنىڭ بىزگە قىلغان ۋەسىيىتى مىللىي مۇستەقىللىق يولىمىزدا بىزگە يار بولغاي! ئەسىرلەر داۋامىدا تاۋلىنىپ، پىشقان بىز ئۇيغۇرلارنىڭ « ئۇيۇشقاقلىق » خۇسۇسىيىتى تېخىمۇ مۇكەممەللىشىپ، مىللىي ئازاتلىق كۈرىشىمىزنىڭ چىرىقى بولغاي!

# مىللىي ئۇستازىمىز هاجى ياقۇپ ئۈچۈن گېرمانىيەدە مەخسۇس نەزىر ۋە قۇرئان - تىلاۋەت ئۆتكۈزۈلدى

ئۆز خەۋىرىمىز: مەشھۇر ئۇيغۇر ئالىمى ۋە « شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى » سىياسى مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ رەئىسى مەرھۇم هاجى ياقۇپ ئانات ئەپەندىنىڭ ۋاپاتى مۇناسىۋىتى بىلەن، 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ۋە 12 - ئاينىڭ 23 - كۈنلىرى « شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى » مەركىزى ئورگىنى، قۇرۇلتاي قارمىقىدىكى « ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى » ۋە « دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى » بىلەن « شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » تەرىپىدىن گېرمانىيەنىڭ مىيونخېن شەھرىدە ئايرىم - ئايرىم هالدا نەزىر - چىراق ۋە خەتنە - تىلاۋەت ئۆتكۈزۈلدى.

يۇقارقى ئىككى قېتىملىق نەزىر ۋە خەتنە - تىلاۋەتتە مەرھۇمنىڭ روھىغا ئاتاپ ياش دىنىي زاتلىرىمىز تەرىپىدىن قۇرئانى كەرىم ئوقۇلدى ۋە مىللىي ئۇستازىمىز هاجى ياقۇپ ئاكىنىڭ تەرجىمەھالى ۋە كۈرەش هاياتى گېرمانىيەدىكى ئۇيغۇر جامائىتىگە تەپسىلى تونۇشتۇرۇلدى.

گېزىتىمىزنىڭ ساھىبى قۇرۇلتاي نامىدىن:
ئەنۋەرجان
مەسئۇل مۇھەررىر:
پەرھات مۇھەممەدى
تەھرىرلەر: تۇرغۇنجان ئالاۋدۇن
ئاسىيەم فىدا
كومپيۇتېرغا ئالغۇچى:
ئالىمجان مۇھەممەت
كورېكتور : ئۇچقۇن قەشقەرى

گېزىتنىڭ نازارەتچىلىرى:
ئابلىكىم باقى ئىلتەبىر (ئامېرىكا)
سىدىقھاجى رۇزى (ئامېرىكا)
ئەخمەت ئىگەمبەردى (ئاۋىستىرالىيە)
سىيتجان قەيسەر (ئۆزبەكىستان)
توختاخۇن ئەركىن (سەئۇدى ئەرەبىستان)
ئەسقەرجان (گېرمانىيە)
قەھرىمان غوجامبەردى (قازاقىستان)
سابىت ئابدۇراخمان ( قازاقىستان )

گېزىتىمىزدە ئېلان قىلىنغان ماقالىلارنىڭ مەۋقەسى ئاپتورلىرىمىزغا ئائىتتۇر، گېزىتىمىزگە ئەۋەتىلگەن ماقالىلار قايتۇرۇلمايدۇ، ۋەتەن ھەققىدىكى مۇھىم ئاخبارات - ئۇچۇرلارغا مۇۋاپىق ھەق بېرىلىدۇ.

ياردەم بېرىشنى خالىغان ۋەتەنداشلىرىمىز ئۈچۈن بانكا ھېساپ نومۇرىمىز:
Ostturkistanische
(Uighurischer)
National Kongress
Deutsche Bank
Konto Nr: 2009207
BLZ:70070024

ئادرېسىمىز:
Ostturkistanischer
(Uigurischer) National
Kongress
Roman str.36a
80639 Munchen Germany
Tel: 0049 89 55 86 99 86
178 35 25
Fax: 0049 89 55 86 99 87
178 35 25
Internet:
www.eastturkistan.com
E-mail:ETNC@onlinehome.de